# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 - يىل 1 - ئاي 22
جۈمە
维吾尔文 1 月22日
25314 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى   مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W   پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 57-1   تىيانشان تورى: www.ts.cn


## شى جىنپىڭ لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى تۇڭلۇن بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېلېگراممىسى** 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەكلىپ بويىچە لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى تۇڭلۇن بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ جۇڭگو پارتىيەسى، ھۆكۈمىتى، خەلقىگە ۋاكالىتەن تۇڭلۇننىڭ لائوس پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىلىقىغا سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: لائوس پارتىيەسىنىڭ 11 - قۇرۇلتىيى غەلىبىلىك ئېچىلىپ، پارتىيەنى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا دائىر بىر قاتار يېڭى پىكىر يولى، يېڭى تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ، لائوسنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە. يولداش تۇڭلۇن باشچىلىقىدىكى يېڭى بىر نۆۋەتلىك لائوس پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، لائوستىكى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، 11 - قۇرۇلتايدا بېكىتىلگەن نىشان - ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## «شى جىنپىڭنىڭ تور كۈچلۈك دۆلىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن ئۈزۈندە» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت، ماتېرىيال تەتقىقات يۈرۈتى تەھرىرلىگەن «شى جىنپىڭنىڭ تور كۈچلۈك دۆلىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن ئۈزۈندە» ناملىق كىتاب يېقىندا مەركىزىي ھۆججەت، ماتېرىيال نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە تارقىتىلدى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۈرەش ئېلىپ بېرىشنى چىقىش قىلىپ، ئالاقە تورىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئالاقە تورىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئالاقە تورىنى تۈزەپ، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، جەمئىيەت، ھەربىي ئىشلار قاتارلىق ساھەلەردىكى تور بىخەتەرلىكى ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇشقا چېتىلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇپ، بىر قاتار مۇھىم، زور تەدبىرلەرنى چىقىرىپ، بىر قاتار مۇھىم، زور تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئالاقە تورى ئۇچۇر ئىشلىرىدا تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىقتىسادىي تەپتىش كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

## ئىقتىسادىي تەپتىشنىڭ نازارەتچىلىك ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئومۇميۈزلۈك ئادا قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

شۆھرەت زاكىر، نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پېڭشىن قاتناشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىقتىسادىي تەپتىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىقتىسادىي تەپتىش كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، بۇ يىللىق ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پېڭشىن، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا «ئاپتونوم رايوننىڭ 2021 - يىللىق ئىقتىسادىي تەپتىش تۈرلىرى پىلان لايىھەسى» «ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىقتىسادىي تەپتىش كومىتېتىغا ئەزا ئورۇنلارنىڭ خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىش مېخانىزمى» قاتارلىقلار قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادىي تەپتىشنىڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى فۇنكسىيەلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش 100 يىللىق شانلىق نەتىجىلەرنى قەدىرلەش

—— 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىش پەيتىدە

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جۇ جىچەي، سۇن شاۋلۇڭ، دىڭ شياۋشى، خۇاڭ يۈ**

2021 - يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 100 يىللىق تۇغۇلغان كۈنىنى كۈتۈۋالىدۇ.

باسقان ھەربىر قەدىمىدە، پارتىيەمىز باشتىن - ئاخىر دەۋر دولقۇنىدا مەزمۇت تۇرۇپ، ئەسلىي مەقسىتى، خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاپ، كەڭ، چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئىنقىلابنى ئالغا سىلجىتىش بىلەن بىللە، يەنە مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلماقتا.

ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قەلبكە پۈكۈش دەل 100 يىللىق سالاپەت.

پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىزچىل، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىپ، توختىماي تىرىشىپ ئىستىلنى توغرىلاپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

### قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتۈپ چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقلاردا ئەلا جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇش

«سۆيۈملۈك پارتىيە تەشكىلاتى: بىز ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىردۇق... گەرچە خەۋپ - خەتەر ئەتراپىمىزدىلا بولسىمۇ، بىز ھېچنېمىدىن قورقمايمىز...»

1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سەھەردىلا، ئالاھىدە بىر پارچە پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى سۈرەت شەكلىدە خېبېي ئۆلكىسى شىنجى شەھەرلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسى 1 - پارتىيە ياچېيكىسىغا ئەۋەتىلدى، ئۈستىگە بۇ دوختۇرخانىدىن شىجياجۇاڭغا 1 - تۈركۈمدە ياردەم بېرىشكە بارغان 15 نەپەر يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئەترىتى ئەزاسىنىڭ قىپقىزىل بارماق ئىزلىرى بېسىلغانىدى.

يۇقۇمنىڭ ھۇجۇمى دەل ئاتاكىغا ئۆتۈش بۇيرۇقى، پارتىيە بايرىقىنىڭ كۆرسەتكىنى دەل ئالغا بېسىش يۆنىلىشى.

نۆۋەتتە، خېبېيدىكى شىجياجۇاڭ، شىڭتەي، لاڭفاڭدا جەمئىي 500 مىڭدىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسى بىرىنچى سەپتە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە قاتنىشىپ، پارتىيە ئەزالىرى زەربىدار ئەترىتى، مۇلازىمەت ئەترىتىدىن 20 مىڭدىن ئارتۇقنى قۇردى، بىرىنچى سەپتىكى تېببىي خادىملار ئىچىدە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئارتۇق.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى 2021 - يىللىق 1 - قېتىملىق يىغىن ئاچتى

## دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **يۈەن لىپى** خەۋەر قىلىدۇ: 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ 2021 - يىللىق 1 - قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا 2020 - يىللىق پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى خۇلاسە ھەم 2021 - يىلىدىكى ساياھەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت ۋە ساياھەتچىلىكنىڭ «14 - بەش يىل»لىق تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى تۈزۈش ئەھۋالى قاتارلىق خىزمەت دوكلاتلىرى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، شىنجاڭنىڭ 2021 - يىلىدىكى ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسىنى بەرپا قىلىش پىلانى قاتارلىق قارالمىلار قاراپ چىقىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى

## شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى قەتئىي ئالغا سىلجىتىش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)


新疆日报 石榴云 天山网 www.ts.cn
新 疆 报 业 传 媒 集 团


100 يىللىق كۈرەش يولى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جاۋاب قەغىزى②

## نامراتلار دەل جايىدا يۆلەندى، ئۈنۈمى كۆزنى چاقناتتى

□ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى ليۇ يى**

قىشتىكى دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقتى بولسىمۇ، كېرىيە ناھىيەسى ئويتوغراق يېزىسى يارمەھەللە كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەخمۇت مەمەتربېھىم بىكار تۇرماي، كەنت تەشكىللىگەن چارۋىچىلىقتا يۇقۇملىنىش بويىچە تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتنىشىپ، بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن «تۇك قاچىلاش» بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

ئىلگىرى ئۇ نامرات ئاھالە ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە كەنتنىڭ يېزا ئىگىلىك مەخسۇس كادىرىغا ئايلىنىپ، ئۆزى كۈندىلىرىنى ياخشى ئۆتكۈزۈۋېلا قالماي، يەنە يۇرتداشلارغا ياردەملىشىپ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئۇ تۇرۇۋاتقان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كىچىك كەنتكە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى: كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يانچۇقى تومپىيىپلا قالماي، قارىشىمۇ ئۆزگەردى، تۇرمۇشقا بولغان پوزىتسىيەسى تېخىمۇ ئاكتىپلاشتى، كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشقا بولغان ئىشەنچى تېخىمۇ تولۇپ تاشتى.

يارمەھەللە كەنتىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس كادىرى مىڭ جىڭلىي مۇنداق دېدى: بۇلارنىڭ ھەممىسى نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش خىزمىتىدىن ئايرىلالمايدۇ.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى تارىخىي بۇرچ ۋە سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، «دەل جايىدا» بولۇشتىن ئىبارەت بۇ «تۈگۈن»نى تۇتۇپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىپ، نامراتلىقنى ئىلمىي تۈگىتىش، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن ئۈنۈملۈك قۇتۇلدۇرۇش يولىنى تېپىپ چىقىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ماس قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشقا قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قوشتى.

### دەل جايىدا پەرقلەندۈرۈلۈپ، «تۈنجى تۈگمە» ياخشى ئېتىلدى

دەسلەپتىكى كىچىككىنە سەۋەنلىكتىن، ئاخىرىدا ناھايىتى چوڭ خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ. نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇشنىڭ قىممىتى دەل جايىدا بولۇشتا، مۇھىم نۇقتىسى دەل جايىدا بولۇشتا،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



**مايسا يېتىشتۈرۈپ كىرىمنى ئاشۇرۇش**

1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، تېرىقچىلىق ئاھالىسى چېن يەن پارنىكتا كۆكتات مايسىلىرىنى پەرۋىش قىلماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جىڭ ناھىيەسىنىڭ ماندان يېزىسى دوڭجاڭ كەنتى «كۆك - تاق»نى كۆزلەپ، پارنىك كۆكتات تېرىقچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بەردى. □ **يۈسۈپ غېنى فوتوسى**

## شىنجاڭدىكى ئۈچ جايغا مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ئوبلاست(شەھەر) دەپ نام بېرىلدى

ئون ئورۇنغا مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك رايون(ئورۇن) دەپ نام بېرىلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **مېھرىگۈل غوپۇر**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)دىن ئۇقۇشىچە: يېقىندا، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، قاراماي شەھىرىگە «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ئوبلاست(شەھەر)» دەپ نام بەرگەن؛ چۆچەك شەھىرى، بۆرۈلتوقاي ناھىيەسى، ئۇلۇغچات ناھىيەسى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)